3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچقانلىقىنىڭ مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ شەكىلدىكى، قاتلاملارغا ئايرىلغان، تولۇق قاپلىغان ئۆگىنىش ـ تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار بىر قەدەم ئالدىدا ئۆگىنىش، كۆپرەك ئۆگىنىش، چوڭقۇرراق ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، قەلبكە سىڭدۈرۈپ، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشى، باشلامچىلىق بىلەن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىشى ـ لېكسىيە سۆزلىشى، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشى ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرى يىغىن روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى كوللېكتىپ ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەپ، ماھىيەتلىك جەۋھىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنلىرى) قارار، تۈركۈمگە بۆلۈپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، لېكسىيە سۆزلەپ، ھەممە ئادەم بىلىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاخبارات تارقاتقۇلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى تۈرلۈك بايلىقلارنى ياخشى ئىشلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، يىغىن روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلامدىن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش قىزغىنلىقىنى تېزدىن قوزغاپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قويۇق كەيپىياتى يارىتىش كېرەك. مول، رەڭدار، شەكلى خىلمۇخىل لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتتى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپتىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزتۇرا لېكسىيە سۆزلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىش مېڭىش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەت يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار قەتئىي بوشاشماي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشى؛ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا سىجىل تۈرتكە بولۇشى؛ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىشى؛ دائىملاشقان يۆلىنىش ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى زور ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى؛ غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى چېنىقىش ۋە سىياسىي ساپانى پەرقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشى؛ بىڭتۇەن ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىمنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىمەن، يۇرتداشلىرىمنى يېتەكلەپ پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يەنىمۇ غەيرەت قىلىمەن» دېدى رۇقىيەم مەتسەيدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

2018 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى پېڭ جىيەكەن ناھىيەسىنىڭ ئىشقۇل يېزىسى قىشلاق كەنتىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجىسى بولۇپ، ئاساسلىقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تۇتتى. بۇ گۈنكى كۈندە، كەنتتىكى توخۇ بېقىش كەسپىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايدى، كىرگۈزۈلگەن توقۇمچىلىق، كىيىم ـ كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتى 300دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

پېڭ جىننىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش جەريانىدا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدا يەنە ئاكتىپ ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، زامانىۋى مەدەنىيلىككە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز يۇغۇرۇلغان. كېيىنكى قەدەمدە، ئۇ يۇرتداشلار بىلەن بىللە، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، كىرىمنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزاسى.

ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىياز ئۇن نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىپ، مائارىپ ئارقىلىق بالىلار ئۈچۈن زامانىۋى مەدەنىيلىككە تۇتىشىدىغان بىر كۆۋرۈك سالدى. ئۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: مەكتەپ بالىلارغا كىچىكىدىن ھەرقايسى مىللەتنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، ئوقۇتقۇچىلار يەنە دائىم بالىلارغا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق بالىلارنى تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ياخشى پۇقرالاردىن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

«بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا تونۇشتۇرىمىز.» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇزېي باشلىقى يۈ جيۈڭ مۇنداق دېدى: مۇزېي تارىخ، مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ئەمەلىي دەلىللەش رولىدا چىڭ تۇرىدۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆزلىتىپ، تارىخنى سۆزلىتىپ، ئېكسكۇرسىيەچىلەرگە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەمىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان كۆرگەزمىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەشكىللەپ، ئىنچىكە نۇقتىلاردىن روھنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگو چېگرا رايون تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ يۈ مۇنداق دېدى: بىر تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ رايونىدىكى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى روشەن بەلگىسگە ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى خارابىلىرى ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت ھالەتلىرىنى چوڭقۇر قازىمەن، رەتلەيمەن، تەتقىق قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولۇش، خەلق خاتىرجەم ياشاش، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تۇزۇم ئەۋزەللىكىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلامدىن، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەيمەن.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشتا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

«شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى قانۇنچىللىقنىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنچىللىقنىڭ كۈچ بېغىشلىشىدىن كەلگەن؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقى ـ ساغلاملىقى قانۇنچىللىقنىڭ قوغدىشىغا موھتاج.» قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىۇ جىچېڭ مۇنداق دېدى: سىياسىي ـ قانۇن كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرىمەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تيانشان رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى سەيماچاڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ۋاڭ لىۇتاۋ مۇنداق دېدى: قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرىنىڭ تەۋەلىك بىخەتەرلىكى بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى، ھەر ۋاقىت ھەرىكىتىم ئارقىلىق قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرىمەن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلارنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى مېڭ خەنجياڭ مۇنداق دېدى: تەشكىلات تارماقلىرى بىرىنچى سەپتە كادىرلارنى چېنىقتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش، شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مۇھىم ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى تاۋلاپ چىقىش بىلەن بىللە، كادىرلارنىڭ تۇرمۇشى، پىسخىكىسى قاتارلىق جەھەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭدا يىلتىز تارتىش، شىنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جېجياڭ ئۆلكىسى شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە نىشانلىق ياردەم بېرىپ، «قاتتىق دېتال»نى «يۇمشاق دېتال»غا، «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»كە، «ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش»نى «ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش»كە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى ئىختىساسلىقلار گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لەن دېجۈن مۇنداق دېدى: بىز ئىلغار مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسى بار تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا تاللاپ ئەۋەتىش بىلەن بىللە، «ئالاقە تورى+مائارىپ» ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ مەكتەپنىڭ «بوشلۇق دەرسخانىسى» قاتارلىق يىراق مۇساپىلىك سۈپا قۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىملىق پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايمىز.

تيەنجىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش ئىشخانىسى ياردەم بېرىش، ھەمكارلىق 2 ـ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ مىن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەردە، يىرىك پىلان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار ـ ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن قوللاش، كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دەرىجىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچنى ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تيەنجىننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈم ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.

**(مۇخبىرلار ۋاڭ چى، سۈن شاۋشيۇڭ، فۇ شياۋبو، ئاينۇر، ساۋ دېمەن، بەي جيالى)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**